# مەكتەپ باشقۇرۇش، ئادەم تەربىيەلەش سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار مەددىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىسلاھ قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش، ئادەم تەربىيەلەش سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار مەددىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

5 ـ ئايدىكى جياڭشى تۇپرىقىدا تاغلار يېشىللىققا پۈركەلگەن، سۇلار زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، قەھرىمان شەھەر نەنچاڭ ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10لاردا، شى جىنپىڭ ئاپتوموبىل بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە پىيادە ئەسكەرلەر شۆيۈەنىگە كەلدى. قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، شى جىنپىڭ جياڭشىدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى مۇئاۋىن شىجاڭ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئىشتاتلىق تۇەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە پىيادە ئەسكەرلەر شۆيۈەنىنىڭ ئاساسىي مەكتەپ رايونىدىكى تۇەنجاڭ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ۋە شىجياجۇاڭ مەكتەپ رايونىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، مۇتەخەسسىس، پىروفېسسورلار ۋەكىللىرىنى سەممىي قوبۇل قىلدى، كۆپچىلىك بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

شۆيۈەنىنىڭ مەشىق مەيدانىدا كۇرسانتلار جانلىق ـ تېتىك بولۇپ، توۋلىغان ئاۋازى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ، ئەمەلىي جەڭ ھەربىي مەشىق مەنزىرىسى نامايان بولغانىدى. شى جىنپىڭ توسالغۇلۇق مەشىق مەيدانىنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۇرسانتلارنىڭ توسالغۇلۇق مەشىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاخىرقى چەك مەشىقى كۇرسانتلارنىڭ بەدەن ئىقتىدارى ئاخىرقى چېكى، ئىرادە ئاخىرقى چېكى، پسىخىكا ئاخىرقى چېكىنى تاۋلاپ، جەڭ مەيدانىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە. شى جىنپىڭ ئاخىرقى چەك مەشىق مەيدانىغا پىيادە كىرىپ، ئالاقىدار مەشىق ئەسلىھەلىرى ۋە مەشىق ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. كۇرسانتلار تۇسۇق تامدىن سۇغا سەكرەش، لەنرىن شوتىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈش، قەدەممۇقەدەم ئېگىزلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈش، ئېگىز تامدىن ھالقىپ ئۆتۈش، ئۇزۇن شوتىغا يامىشىپ چىقىش، بوشلۇقتىكى لەيلىمە ياغاچ كۆۋرۈككە يامىشىپ ئارتىلىپ ئۆتۈش، ئەن ياغاچنى يۆدۈش قاتارلىق مەشقلەرنى قىلدى. كۇرسانتلارنىڭ تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، پۈتۈن بەدىنى لاي، سۇ بولۇپ كەتسىمۇ توسالغۇلار ئالدىدا توختىماي ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شى جىنپىڭ ناھايىتى خۇشال بولدى.

مەشىق مەيدانىدىن ئايرىلىپ، شى جىنپىڭ شۆيۈەنىنىڭ قىزىل بايلىق تەتقىقات مەركىزىگە كەلدى. ئۇزاقتىن بۇيان، شۆيۈەن قىزىل بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قىزىل گېننىڭ روھ يېتىلدۈرۈش، ئادەم تەربىيەلەش جەھەتتە پائال ئىزدەندى. شى جىنپىڭ ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ، شۆيۈەنىنىڭ ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: قىزىل بايلىقلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، قىزىل گېنغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم، ئەۋلادمۇئەۋلاد لاياقەتلىك قىزىل ئارمىيە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ شۆيۈەنىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: قانداق مەكتەپ باشقۇرۇش، قانداق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتەپ باشقۇرۇش، ئادەم تەربىيەلەشتە ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەكتەپ ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەيدىغان ئورۇن، جەزمەن قەتئىي توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، گۈتيەن پۈتۈن ئارمىيە سىياسىي خىزمەت يىغىنى، ھەربىي كومىتېتنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئارمىيەنى سىياسىي جەھەتتىن قۇرۇش تەلىپىنى مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتۈن جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەربىي مەكتەپلەر ئۇرۇش قىلىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بولۇپ، جەزمەن ئەمەلىي جەڭنى چۆرىدەپ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشى، غەلىبە قىلىشنى كۆزلەپ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك. جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەيدىغان روشەن يۆنىلىشنى تۇرغۇزۇپ، بارلىق مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىدە دىققەتنى جەڭ قىلالايدىغان بولۇش، جەڭدە غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىنى ئىگىلەپ، ئۇرۇش قىلىشتا نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى ئۆگىتىش، قىسىم نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى مەشىق قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ تەمىنات تەرىپىنى كەلگۈسى جەڭ مەيدانىنىڭ ئېھتىياج تەرىپى بىلەن دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇشى كېرەك. يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە يىراق كەلگۈسىنى پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي نىشان خەرىتىسى، يول خەرىتىسى، قۇرۇلۇش خەرىتىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە تۇتۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تۈزىتىش بىلەن ئۆزگەرتىشنى تەڭ قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەدە دادىل ئازاد بولۇپ، ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىشنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسى ۋە ئايلىنىش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ۋەزىيەت، ۋەزىپە ئېھتىياجىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئۇرۇش بويىچە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى قاتتىق تۇتۇپ، پەن ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەسىپ تەسىس قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاپ، پەن، كەسىپ قۇرۇلۇشىدا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۈجۈپىلىك بولۇش، ئەلالىرىنى توپلاش، ئوچۇق مەكتەپ باشقۇرۇش، بىرلىشىپ ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بايلىقى كۈچىنى بىرىكتۈرۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مەكتەپ سىرتىدىكى ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىنى كىرگۈزۈپ ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى كۈچەيتىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. قاراتمىلىق ھالدا ياندىش كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تەلىم ـ تەربىيە، مەشىقنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شۆيۈەن پارتكومى بەنزىسى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك سەۋىيەسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، كۆپچىلىكنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، شۆيۈەن قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. قاتتىق بولۇشنى باشلامچى قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق بولۇش، ئاخىرغىچە قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش ئىستىلى، ئوقۇتۇش ئىستىلى، تەتقىقات ئىستىلى، ئىمتىھان ئىستىلىنى چىڭىتىپ، «تۆت خاھىش» بولۇپمۇ شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى چوڭقۇر تۈزەپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

جاڭ يوۋشيا قاتارلىقلار پائالىيەتكە قاتناشتى.

## شى جىنپىڭ ھىندونېزىيەنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان جوكوغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رايون ۋە كۆپ تەرەپلىك قاتلامدا كەڭ ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە، تەبىئىي ھەمكارلىق ھەمراھى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىككى دۆلەت «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىك ئۇدۇللاشتۇرۇشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇردى، ھەر قايسى ساھەدىكى ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى تېز تەرەققىيات يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويدى. مەن جۇڭگو ـ ھىندونېزىيە مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ جوكو بىلەن داۋاملىق ئورتاق تىرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۆتكەندىكى بەش يىل ئاساسىدا يەنىمۇ بىر بالداق ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

## مالىيە مىنىستىرلىقى شىنجاڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يوپۇقى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز چېن چياڭبى خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، مالىيە مىنىستىرلىقى شىنجاڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يوپۇقى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

«مەركىزىي ئىشتات ئىشخانىسىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» «مالىيە مىنىستىرلىقى كادىرلار ئىشلىرى ـ مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىشقا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇرۇشلۇق مالىيە مەمۇرىي تەپتىش مەخسۇس خادىم ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى مالىيە مىنىستىرلىقى شىنجاڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

مالىيە مىنىستىرلىقى شىنجاڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدىكى قارار، سىياسەتلىرى ۋە تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىپ، ئىلگىرىكى كەسىپنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىشنى كۈندىلىك باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىشتىن كېيىن تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىشنى ئىشتىن بۇرۇن ئىش داۋامىدا باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، مەۋقەنى يېڭى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتكە، يېڭى ئورۇن بەلگىلەشكە، يېڭى بۇرچقا قويۇپ، خىزمەتنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، مالىيە ـ باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامانىۋى مالىيە تۈزۈمى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا تۆھپە قوشىمىز.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەدەنىي، ئولتۇراقلىشىشقا ماس، باي بولغاچقا، جۇكېن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى شەھەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلمايدىغان بولدى.

### ■ داچىلار كەنتتە قەد كۆتۈردى

ھەر كۈنى سەھەردە، كەنت ئاھالىسى ئۈيىنبىلىك داچىسىنى رەتلىك يىغىشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 230 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنا بولۇپ، ئۆي ئىچىگە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى، بېزىلىشى ئۆزگىچە، ھەر خىل زامانىۋى ئەسلىھەلەر تولۇق ئىدى.

ئۆيىنىڭ ئازادىلىكى تىلغا ئېلىنسا، ئۈيىنبىلىكنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلماي قالىدۇ. ئۇ ئاشخانىسىدا ئىش قىلىشقا ئەڭ ئامراق، پاكىز ئوچاق بېشى، كۆكتات يۇيۇش كۆلچىكى، بۇستارتقۇ... ھەر كۈنى تاماق ئېتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ھۇزۇر.

«2012 ـ يىلى كەنتتە يەرلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلۈكىدىن كېۋەز تېرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇردى، مۇشۇ يىللاردا كۆپچىلىكنىڭ تېرىقچىلىق كىرىمى بارغانسېرى ئاشتى. ئىككى يىل ئىلگىرى، كەنت يەنە بىرتۇتاش لايىھە تۈزۈپ، كۆپچىلىكنى داچا سېلىشقا رىغبەتلەندۈردى، ئائىلىمىز تۇنجى تۈركۈمدە تىزىمغا ئالدۇردى» دېدى ئۈيىنبىلىك تونۇشتۇرۇپ.

ئۈيىنبىلىككە ئوخشاش، جۇكېن كەنتىدە يەنە 22 ئائىلە داچا تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولدى. 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستى.

كەنتنىڭ بىرتۇتاش پىلانى بويىچە، ھەربىر داچىغا 1.3مو ئۆيلۈك يەر ئىشلىتىلدى، ئەمما ھويلا ـ ئارانلارنى ھەربىر ئائىلە ئۆزى چۆرىدىۋالغان بولماستىن، بەلكى كەنت بىرتۇتاش سېلىپ بەردى.

بۇنداق قىلىشتا، داچا سېلىشنى پىلانلىغۇچى ــ بىلىن خارمودۇن يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى سۈن چۈنشېڭ يىراقنى كۆزلىگەن.

سۈن چۈنشېڭ جۇكېن كەنتىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ ئىككى كۈندە، ئۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىنى باشلاپ بىر داچا ئالدىدىكى بوش يەرگە نىلۇپەر كۆلچىكى ياساش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «بىز ھازىر كۆلىمى 14مو كېلىدىغان نىلۇپەر گۈلى مەنزىرە بەلبېغى ياساۋاتىمىز، سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالغان نىلۇپەر كۆلچىكى ئۈچ كۈندىن كېيىن پۈتىدۇ، ئىككى ئايدىن كېيىن نىلۇپەر گۈلى ئۈسۈپ چىقىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە داچا بىلەن نىلۇپەر گۈللىرى بىر ـ بىرىنى جۇلالاندۇرۇپ، كەنتنىڭ ‹قىياپىتى›نى گۈزەللەشتۈرۈپلا قالماي، يەنە ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدۇ» دېدى سۈن چۈنشېڭ.

«كەنت ئاھالىلىرى داچىغا كۆچۈپ كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكى ئائىلىلەرنىڭ 2 ـ قەۋەتتىكى ياتاق ئۆيى ئاساسەن بىكار تۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر كەنتتە مەنزىرە بەلبېغى بولسا، كەنت ئاھالىلىرى داچىنى يۇقىراۋى قونالغۇ قىلىپ ئۆزگەرتىپ، دېھقانلار ئارامگاھى تىجارىتى قىلىپ، كەنتنىڭ ساياھەت كەسپىنى بەرپا قىلسا بولىدۇ.» سۈن چۈنشېڭ شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، سالقىن شاماللىق ياز كېچىسى داچىنىڭ پېشايۋانىدا يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىش، ئاينى تاماشا قىلىش، نىلۇپەردىن ھۇزۇرلىنىش قاتارلىق بۇنداق خۇشاللىق ئىش چوقۇم كەنت ئاھالىلىرىغا پايدا ئېلىپ كېلىدۇ.

### ■ كەنتنى ئۆزگەرتىش ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى

جۇكېن كەنتىنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيەتتە ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى.

جۇكېن كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ پېنسىيەگە چىققان سابىق مۇدىرى لى جيا ئۆزىنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەن ئىشنىڭ دەل 1986 ـ يىلى جۇكېن كەنتىنى كۆچۈرۈشكە تەشكىللەش ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

«كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى، كەنتتىكى ئۆيلەر پۈتۈنلەي ‹سوقما تاملىق ئۆي›لەر بولۇپ، تۇرالغۇ مۇھىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى.» لى جيا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كەنتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مەن كەنت ئاھالىلىرىگە باشلامچىلىق قىلىپ، كەنتتىن ئانچە يىراق بولمىغان شورلۇق يەردە 470مو كۆلەمدىكى يېڭى كەنت ئورنىنى تاللاپ بېكىتىپ، پۈتۈن كەنت بويىچە كۆچتۇق. يېڭى كەنت تۇرالغۇ رايونى ۋە باقمىچىلىق رايونى دەپ ئايرىلغان بولۇپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى پاكىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

1996 ـ يىلى، لى جيا كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ كەنت يولى، ئورمان بەلبېغى، ھويلا ـ ئاران، ئۆيلەرنىڭ شەكلىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى سالدى. كەنتتىكى بىر نەچچە غول يوللارمۇ قاتتىقلاشتۇرۇلدى ھەم كەنت ئاھالىلىرىدىن يوللارنىڭ نامى توغرىسىدا پىكىر توپلاندى. شۇنىڭ بىلەن كەنتتە ئىتتىپاق يولى، يۈيېڭ يولى، جىنگۇاڭ يولى، جيەنگۈڭ يولى...بار بولدى، بۇ يول تاختىلىرى بۈگۈنگىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

2006 ـ يىلى، ئەينى چاغدىكى جۇكېن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى شياۋ مېڭبىڭ مەبلەغ قولغا كەلتۈرۈپ، يولنىڭ ھەممىسىنى ئاسفالتلاشتۇردى ھەم توك يەتكۈزۈش، خەۋەرلىشىش، سىملىق تېلېۋىزىيە قاتارلىقلارنىڭ ئوچۇقچىلىقتىكى سىمنى يەر ئاستىغا كۆمۈپ، يوشۇرۇن سىمغا ئۆزگەرتىپ، قالايمىقان «ئۆمۈچۈك تورى»نى يوقىتىپ، كەنت قىياپىتىنىڭ دەرىجىسىنى يەنە ئۆستۈردى.

2012 ـ يىلى، جۇكېن كەنتى ئاپتونوم رايون بويىچە گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىدىكى سىناق نۇقتا كەنتى قىلىپ بېكىتىلدى، ئەينى چاغدىكى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سۈن چۈنشېڭ تۈر مەبلىغىنى پائال توپلاپ، كەنت مەدەنىيەت ئۆيى سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنتنىڭ تۇرۇبا سۈيى باشقۇرۇش تورى، كۆكەرتىش بەلبېغى، يول چىرىغىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلدى.

2017 ـ يىلى، «گۈزەل يېزا ـ كەنت» قۇرۇلۇشىنىڭ شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، كەنت دەردىلىك ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن كۈندۈزلۈك خەۋەر ئېلىش مەركىزى ۋە يەسلى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، كەنتنىڭ ئۇل ئەسلىھەسى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

### ■ پىكىر يولى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئېچىلدى

جۇكېن كەنتىدىكى ھەر قېتىملىق ئۆزگەرتىش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى ھەم يېڭى پىكىر يولى ئېلىپ كەلدى.

2017 ـ يىلى، بورتالا ئوبلاستى خەتەرلىك، كونا ئۆيلەرنى چېقىش خىزمىتىنى يولغا قويدى، سۈن چۈنشېڭ جۇكېن كەنتىنىڭ ئۆيلۈك يەرنىڭ بوش قېلىش نىسبىتى يۇقىرىراق بولۇشتەك ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن تەكرار كېڭىشىپ، چوقۇم مەۋقەنى يىراق كەلگۈسىگە قويۇپ، خەتەرلىك، كونا ئۆيلەرنى چېقىش ۋە ھويلا ـ ئارانلارنى تۈزەش پۇرسىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئىشلىتىلمەي تاشلىنىپ قالغان ئۆيلۈك يەرلەرنى جانلاندۇرۇپ، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم كەلگۈسىدە تېخىمۇ يېڭى كەسىپلەر، يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ ماكانلىشىشى ئۈچۈن بوشلۇق يارىتىشتىن ئىبارەت ئورتاق تونۇشنى شەكىللەندۈردى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەكرار كېڭىشىشى ھەم مۇتەخەسسىسلەردىن ئەقىل سوراش ئارقىلىق، جۇكېن كەنتى تۈجۈپىلىك ئىخچاملاش پىكىر يولى بويىچە، ھەربىر داچىنىڭ قۇرۇلۇش يېرىنى 1.3مو قىلىپ پىلانلىدى، بۇ، ئەسلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆيلۈك يەر كۆلىمىدىن 0.7مو ئاز. تېجەپ قېلىنغان ئۆيلۈك يەر كۆلىمىنى كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىك قۇرۇلۇش يېرىگە كىرگۈزۈپ، يارىتىلغان ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ پايدىسىنى ئۆي ئىگىلىرى بىلەن بۆلۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياردەم پۇلى بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ داچا سېلىشىغا مەدەت بەردى ھەم داچا يېرىك پىلان رايونىدىكى ئەسلىدىكى قورۇ ئۆيلەرنى بىرتۇتاش باھالىدى، ئۆي سالغۇچى بىلەن ئەسلىدىكى قورۇ ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۆينى مەسلىھەت بىلەن كېڭىشىپ چاقتى.

بۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق، جۇكېن كەنتى ئەسلىدىكى ئۆيلۈك يەر كۆلىمى بەك چوڭ بولۇش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يەر ئىسراپچىلىقى ۋە ئۆيلۈك يەردىن ھەقلىق چېكىنىپ چىققاندا ئاسان يۈز بېرىدىغان ماجىرا مەسىلىسىنى ئىجادىي ھەل قىلدى. ئەينى يىلى جۇكېن كەنتى ئوڭۇشلۇق ھالدا 18 قورۇنى چېقىپ، داچا قۇرۇلۇشىنى باشلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، داچا جۇكېن كەنتىدىكى يارقىن مەنزىرە بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، ئەينى چاغدا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن داچا سېلىشقا قاتناشمىغان كەنت ئاھالىلىرىگە قارىتا، ئىلتىماس سۇنسىلا بېكىتىلگەن قائىدىگە ئاساسەن يەر بىلەن تەمىنلەش، تولۇقلىما بېرىش يولغا قويۇلدى.

«ھازىر يەنە بەش ئائىلىلىك داچا سېلىشقا باشلىدى، مەن بارلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ داچىدا ئولتۇرۇپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» سۈن چۈنشېڭ مۇخبىرلار بىلەن ئۈيىنبىلىكنىڭ قورۇسىدا ئولتۇرۇپ بۇ گەپلەرنى قىلدى.

## بۇ جايدىكى ئاياللار چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدىيەلەيدۇ، خۇدىيلەن گۈلى باقالايدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇخبىرلار 30 ياشتىن ئاشقان چىرايلىق ئايال خوجايىن لى ۋېيبېيەننى پەقەت ئۆيدە ئائىلە ئىشلىرىنىلا قىلىدۇ، بالا باقىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، مۇخبىرلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كەنت كادىرى كۈلۈپ تۇرۇپ: ئۇ يەنە چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ھەيدەش ئۇستىسى، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش چاغلىرىدا ئېتىزدا ئىشلەيدۇ، دېدى. ئەسلىدە كەنتتىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ ئېتىزلاردا ئىشلىيەلەيدىكەن.

جۇكېن كەنتىدە مۇخبىرلار كىرگەنلىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى نەپىس بېزەلگەن ئىدى: ئۆيگە كىرگەندە ساپما كەش ئالماشتۇرىدىكەن، مېھمانخانىلىرىدا يېشىل ئۆسۈملۈك ۋە گۈل ـ گىياھلار بار ئىكەن، ھەممە جاي يورۇق، پاكىز بولۇپ، نەرسە ـ كېرەكلەر رەتلىك تىزىلغان ئىكەن.

ئەمگەك قىلىشنى بىلىش، تۇرمۇشنى سۆيۈش كېرەك. روشەنكى «بەختلىك تۇرمۇش قەيەردىن كېلىدۇ، ئەمگەك ئارقىلىق يارىتىلىدۇ»، كەنت يەسلىسىدە بالىلار دائىم ئېيتىدىغان بۇ ناخشا جۇكېن كەنتىگە ئەڭ ياخشى تەڭكەش بولغان ناخشىدۇر.